السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىمكى تىبابەتتىن خەۋىرى يوق تۇرۇپ كېسەل داۋالىسا، ئاقىۋەتكە ئۇ كىشى ئۆزى ئىگە بولىدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى:
«كىمكى تىبابەتتىن خەۋىرى يوق تۇرۇپ كېسەل داۋالىسا، ئاقىۋەتكە ئۇ كىشى ئۆزى ئىگە بولىدۇ»
[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: تىبابەتنى بىلمەيدىغان ياكى ياخشى قىلالمايدىغان ئادەم كىشىلەرنى ئالداپ مەن دوختۇر دەپ داۋا قىلىپ، ئۇلارنى داۋالاپ، بىر جاننى ياكى بىرەر ئەزانى ھالاك قىلىۋەتسە، بۇ كىشى ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەيدۇ، چۈنكى ئۇ بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىمەن دەپ، كىشىلەرنى ئالداپ، قەستەن زىيانكەشلىك قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تىبابەتنى بىلىدىغان كىشىمۇ قەستەن كېسەلنى ھالاك قىلىۋەتسە، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەيدىغانلىقى ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلە، شۇنىڭدەك بۇ ئىشقا ئىلمى ۋە ئەمەلى تەجرىبىسى بولمىغان بىر كىشى قول تىقىدىكەن، ئۇ كىشى قەستەن قىلغان بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ قىلمىشى تۈپەيلى ھالاك بولسا، ئۇ كىشى تۆلەم تۆلەيدۇ، قىساس چۈشۈپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى بۇ ئىشنى كېسەلنىڭ رۇخسىتىسىز قىلمىغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58212

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee